بودەك مۈشۈك ھېكايىلىرى

# بودەك مۈشۈك، زاكاڭنى تاشلا



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئىلمىنۇر مەمەت ئەلى





ISBN 978-7-5469-7767-6
定价:16.00元

سارا ئاۋگۇست (ئىتالىيە)

بودەك مۈشۈك ھېكايىلىرى

# بودەك مۈشۈك، زاكاڭنى تاشلا

تەرجىمە قىلغۇچى: نۇرئالىيە ئابدۇكېرىم



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى







بودەك مۇشۇك كۆرگەنلىكى نەرسىگە قىزىقىپ قالىدىغان بولغاچقا ئۇ نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆگىنىۋاپتۇ. مەسىلەن، ۋېلكىدا تاماق يېيىشنى، پىيالىگە چاي قۇيۇپ ئىچىشنى، پۇتلىرىنى يۇيۇشنى ئۆگىنىۋاپتۇ...

ئۇ يەنە تېخى ئالبومدىكى رەسىملەرنى ھەر خىل رەڭدە بويىيالايدىكەن، ياغاچ مودېللاردىن ئېگىز مۇنارلارنى ياسىيالايدىكەن.





ئوغلىنىڭ كۈندىن - كۈنگە چوڭ بولۇۋاتقانلىقىدىن بودەك مۈشۈكنىڭ دادىسى بىلەن ئاپىسى تولىمۇ مەمنۇن بوپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوماق بېگەموتتىن بىرنى سوۋغا قىلماقچى بولۇشۇپتۇ.

— ساڭا دەيدىغان بىر خۇش خەۋەر بار. ئەمدى سەن زاكا تاتمىساڭمۇ بولىدىغان بولدى! — دەپتۇ بودەك مۈشۈكنىڭ دادىسى ئۇنىڭغا.

— قارىغىنە، بۇ ئوماق بېگەموتقا، ئەمدى بۇ سىنىڭ بولدى! — دەپتۇ ئاپىسى ئۇنىڭغا.









بودەك مۇشۇك بۇ سوۋغاتقا تولىمۇ قىزىقىپ قاپتۇ، ئۇ بۇ سىرلىق سوۋغاتقا بىرھازا قارىۋەتكەندىن كېيىن، بۇ بېگىموتنى ئەسلىدە مىنگىلى بولىدىغانلىقىنى بايقاپتۇ - دە، ئۇنىڭغا مىنىۋېلىپ ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا سەكرەپ ئويناپتۇ.



ـــ بالام! ـــ دەپتۇ دادىسى سەكرەۋاتقان بودەك مۇشۇككە چۇشەندۇرۇپ:

ـــ بۇ كىچىك بېگىموت دېگەن ئەسلىي بىر گارشوك، ئۇ مەخسۇس سەن ئۆزۈڭلا ئىشلىتىدىغان تەرەت قاچىسى، ئەمدى سەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭ، زاكاڭنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن، چوڭ - كىچىك تەرەتنى مۇشۇ گارشوكقا قىلساڭ بولىدۇ. يەنە تېخى بۇ گارشوكتا تەرەت قىلغاچ بېلىد-جانلىرىڭغا قارىساڭ، مۇنار تىزىپ ئوينىساڭمۇ بولۇۋېرىدۇ دەپتۇ...





— تازىلىق ئۆيىدىكى تەرەت قاچىسىنى ئاپاك ئىككىمىز ئىش-
لىتىمىز، يەنە كېلىپ ئۇ سېنىڭ ھۇجراڭغىمۇ يىراق. بۇ بېگىموت
گارشوكۇڭنى سەن نەگە ئاپىرىمەن دېسەڭ شۇ يەرگە سۆرەپ ئاپىرا-
لايسەن، قايسى ۋاقىتتا تەرەت قىلغۇڭ كەلسە، شۇ ھامانلا تەرەت
قىلالايسەن، بەك قۇلايلىق، — دەپتۇ دادىسى يەنە ئۇلاپلا.







دادىسى يەنە ئۇنىڭغا: ــ سەن ھازىرچە مۇشۇ بىگىموت گارشوكۇڭغا تەرەت قىلىپ تۇرىسەن، باللار باغچىسىغا كىرگەن چىغىڭدا، مەخسۇس كىچىك دوستلار تەرەت قىلىدىغان تەرەت قاچىسىـ
غا تەرەت قىلىسەن، مۇئەللىمىڭ يەنە تېخى ساڭا تەرەت قاچىسىدا قانداق ئولتۇرۇشنى ئۆگىتىپ قويىدۇ، ــ دەپتۇ.



بودەك مۈشۈك ناھايىتى قىزىقىپ، گارشوكنى شۇنداق سىناپ باققۇسى كەپتۇ، ئۇ زاكىسىنى ئېلىپلا چۆرۈپ تاشلىۋېتىپتۇ. شۇ ھامان ئۆزىنى شۇنداق راھەتكە چىقىپ قالغاندەك ھېس قىلىپتۇ.

نېمىدېگەن راھەت! ئۇ شۇنداق دېگىنىچە خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كېتىپتۇ.

دادىسى بىلەن ئاپىسى بودەك مۈشۈككە گارشوكتا ئولتۇرۇپ بېقىشنى ئېيتىپتىكەن، ئۇ ئەقىللىك بولغاچقا، بىردەمدىلا گارشوكتا قانداق تەرەت قىلىشنى ئۆگىنىۋاپتۇ.

— مېنىڭ بالام ئەقىللىك جۇمۇ! — دەپتۇ ئاپىسى بودەك مۈشۈكنى ماختاپ.









زاكىسنى ئېلىۋەتكەندىن باشلاپ، بودەك مۇشۇك خۇشاللىقىدا ھەر كۈنى ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇ-ياقتىن - بۇياققا تاقلاپ ئويناپتۇ، بىر كۈنى ئۇ سەكرەپ ئويناۋېتىپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ كېتىپتۇ.

— ۋايجان! زاكام بولمىغاچقا يەرگە ئەجەب قاتتىق چۈشتۈم يا، ۋاي... ۋاي كاسسام...

بىر دەمدىن كېيىن بودەك مۇشۇك ئورنىدىن تۇرۇپ كارىۋىتىدا يېتىپ ئارام ئالماقچى بوپتۇ، زاكىسى يۇتلاشمىغاچقا كارىۋاتقا ئوڭايلا چىقىۋاپتۇ. بۇنىڭدىن ئۇ بەك خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ، تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى... بۇ چاغدا بودەك مۇشۇك ئۆزىنىڭ چوڭ بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتىپتۇ!



بودەك مۇشۇك تازا خۇشال ئويناۋېتىپ، تۇيۇقسىز ئۇنىڭغا
بىر يەرلىرى نەمدەك بىلىنىپتۇ، ئەسلىدە، ئۇ ئۆزىنىڭ زاكا تارتـ
مىغانلىقىنى ئۇنتۇلۇپ قېلىپ، ئىشتىنىغا سىيىۋېتىپتىكەن ئەـ
مەسمۇ، قارىغاندا ئۇنىڭ گارشوكقا كۆنۈشىگە بىر مەزگىل كېتىـ
دىغان ئوخشايدۇ...

ئاپىسى دەرھال بودەك مۇشۇكنىڭ ئىشتىنىنى يەڭگۈشلەپ
قويۇپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— بالام، ئەمدى تەرەت قىلغۇڭ كەلسە ئىشتىنىڭغا سىيمەي،
دەرھال گارشوكۇڭدا ئولتۇرغىن جۇمۇ! — دەپ تاپىلاپتۇ.





شۇنداق قىلىپ، بودەك مۈشۈك بارا ـ بارا گارشوكقا كۆنۈپ، تەرىتى قىستىغان هامان، گارشوكتا ئولتۇرىدىغان بولۇپتۇ.

زاكا تارتماي، كاسىسى ھەمىشە قۇرۇق تۇرسا نېمىدېگەن راھەت ـ ھە!

گارشوكقا ھاجەت قىلىش ئەمدى بودەك مۈشۈكنىڭ كۈندىلىك ئادىتىگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ، بەزىدە تېخى، ئۇ سىيىپ بولغاندىن كېيىن، گارشوكنى كۆتۈرگەن پېتى دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ كۆرسەتكۈسى كېلىپ كېتىدىكەن... چۈنكى، ئۇ ئۆزىنى قالتىس چوڭ ئىش قىلدىم دەپ ئويلايدىكەن!





شۇنىڭدىن كېيىن، بودەك مۈشۈككە ئەمدى زاكىنىڭ كېرىكى قالماپتۇ! دادىسى بىلەن ئاپىسى ئۇنىڭ گارشوكقا تەرەت قىلىشنى بىلگەندىن كېيىن پاكىز ھەم رەتلىك بولۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ، ئوغلىدىن مەمنۇن بولۇشۇپتۇ.

بودەك مۈشۈك ئۆزىنىڭ زاكىسىنى قونچىقى ئولداغا تارتىپ قويۇپتۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ نەزەرىدە، ئولدا تېخى كىچىك بالا بولغاچقا، زاكا تارتمىسا بولمايدىكەن...

ئۇ ئۆزىنىڭ چوڭ بولغانلىقىدىن تولىمۇ پەخىرلىنىدىكەن!





بۇ كىتاب مەركىزىي رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2014 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2014 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据中央广播电视大学出版社 2014 年 8 月第 1 版，2014 年 8 月第 1 次印刷版本翻译出版。

**پىلانلىغۇچى:** ياسىن ئوبۇلقاسىم
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** خاسىيەت ئابلەت
**مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى:** ئىلمىنۇر مەمەت ئەلى

**قايتا تەكشۈرگۈچى:** تۇرغۇن تۇنىياز
**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** ياسىن ئوبۇلقاسىم
**باسما مەسئۇلى:** ليۇ ۋېييۇ

## بودەك مۇشۇك ھېكايىلىرى

# بودەك مۇشۇك، زاكاڭنى تاشلا

**ئاپتورى:** سارا ئاۋگۇست (ئىتالىيە)
**تەرجىمە قىلغۇچى:** نۇرئالىيە ئابدۇكېرىم

---

**نەشر قىلغۇچى:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 830026
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**تور دۇكىنى:** داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تاۋباۋ، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى
**بەت ياسىغۇچى:** شىنجاڭ «ئوقۇ» سەرخىل كىتابلار تور نەشرىياتچىلىقى چەكلىك شىركىتى رەقەملىك مەتبەئە مەركىزى
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شىنخۇا مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**فورماتى:** 1092 × 787 مىللىمېتىر، 1/12
**باسما تاۋىقى:** 2
**نەشرى:** 2015 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2016 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 -5469 - 7767 - 6
**باھاسى:** 16.00 يۈەن

---

**تور نەشرى:** دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
**تور كىتابخانىسى:** تاۋباۋ تورى . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

---

图书在版编目（C I P）数据

蓝莓猫，脱了尿布吧：维吾尔文 /（意）莎拉·奥古斯汀著；朱亚宁，努尔阿利亚·阿卜杜克力木译. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社，2015.11
（蜗牛童乐汇）

ISBN 978-7-5469-7767-6

Ⅰ. ①脱… Ⅱ. ①莎… ②朱… ③努… Ⅲ. ①故事课 – 学前教育 – 教学参考资料 – 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. ①G613.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 277346 号

选题策划：亚森·吾不力哈斯木
责任编辑：哈斯亚提·阿布来提
封面设计：伊丽米努尔·麦麦提艾力
责任复审：吐尔洪·吐尼牙孜
责任决审：亚森·吾不力哈斯木
责任印制：刘伟煜

书　　名　蓝莓猫，脱了尿布吧（维吾尔文）
作　　者　（意）莎拉·奥古斯汀
译　　者　努尔阿利亚·阿卜杜克力木
出　　版　新疆美术摄影出版社（www.xjdzyx.com）
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 5 号（邮编 830026）
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
网　　购　当当网、京东商城、亚马逊、淘宝网、天猫、读读网、淘宝网·新疆旅游书店
制　　版　新疆读读精品网络出版有限公司数字印务中心
印　　刷　北京新华印刷有限公司
开　　本　787 mm × 1092 mm　1/12
印　　张　2
版　　次　2015 年 11 月第 1 版
印　　次　2016 年 1 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-7767-6
定　　价　16.00 元

网络出版　读读网（www.dudu-book365.com）
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店（http://shop67841187.taobao.com）